# ئى خالىد مەندىن كېيىن كۆپ ئۇرۇش، پىتنە ۋە تەپرىقىچىلىقلار بولىدۇ. ئەگەردە سەن ئۇ پىتنىلەردە ئاللاھنىڭ قاتىل بەندىسى ئەمەس، بەلكى ئۆلگۈچى بەندىسى بولالىساڭ، بولغىن

خالىد ئىبنى ئۇرفەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى خالىد مەندىن كېيىن كۆپ ئۇرۇش، پىتنە ۋە تەپرىقىچىلىقلار بولىدۇ. ئەگەردە سەن ئۇ پىتنىلەردە ئاللاھنىڭ قاتىل بەندىسى ئەمەس، بەلكى ئۆلگۈچى بەندىسى بولالىساڭ، بولغىن، دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ئەرفەتەگە تەپرىقىچىلىق، ئۇرۇش، پىتنىلەردىن ئىبارەت كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەن. يەنە مۇسۇلمانلارنى باشلاپ ماڭىدىغان رەھبەرنىڭ بولماسلىقىدەك ياكى بولغاندىمۇ ھەر رايۇندا بىردىن ھاكىم بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا پىتنە-ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەن. رەسۇلۇللاھ خالىدنى بۇ پىتنىلەردىن يىراق تۇرۇشقا، ئۆزىنى تارتىشقا ۋە ئۇنىڭغا قاتناشماسلىققا، ئۆلتۈرۈشلىشقا بۇيرۇغان. مەزلۇم ھالدا ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۆچۈن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ئىش ئۆيىگە كىرىپ ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن ۋە ياكى پىتنە بار شۇ يۇرۇتتىن چىقىپ كېتىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ بىرەر تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا ئۆزىنى، مال-مۈلكىنى ۋە ئائىلىسىنى قوغداپ چوڭ بىر پىتنە بولمىغان ئاساستا ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئۇنىڭ ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزى بىر رەھبەر ئاستىدا ئىتتىپاق بولسا، «مەيلى ئۇ رەھبەر ئادىل بولسۇن ياكى زالىم بولسۇن» شۇ ۋاقىتتا ئۇ رەھبەرگە بىرى قارشى چىقسا، ئۇنىڭ قوللۇغۇچىلىرى بولۇپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزماقچى بولسا، ئۇنى توسۇش ۋاجىب بولىدۇ. ئەمىر بولغان كىشى ئۇلارغا خەت-چەك يوللاپ توغرا، ھەق يولنى كۆرسىتىشى ۋاجىب بولىدۇ. ھەق يولنى كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلار رەھبىرىگە بويسۇنمىسا ۋە ئۇلارنى قورقاتسا مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. مەيلى خاۋارىج بولسۇن مەيلى باغىلار بولسۇن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە قايتىپ مۇسۇلمانلار ئەمىرىگە بويسۇنمىغۇچىلىك ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ۋاجىب بولىدۇ، ھەمدە خەلىق ئاممىسىمۇ بۇ ۋاقىتتا ئەمىر بىلەن بىر تۇرۇشى لازىم

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58266